## 48988 ـ ھېيت كۈنى ئۈچۈن يۇيۇنۇشنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا

### سۇئال

ھېيت كۈنى ئۈچۈن يۇيۇنۇش قايسى ۋاقىتتا باشلىنىدۇ؟ چۈنكى مەن بامدات نامىزىدىن كېيىن يۇيۇنسام ھېيت نامىزى ئوقۇيدىغان ئورۇننىڭ ئارىلىقى يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرالمايدىكەنمەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى :ھېيت كۈنىدە يۇيۇنۇش ياخشىدۇر، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھېيت كۈنىدە يۇيۇنغانلىقى توغرىسىدا ھەدىس بايان قىلىنغان.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، سەلەمەتە ئىبنى ئەكۋە ۋە ئىبنى ئۆمەر(ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) قاتارلىق نۇرغۇن ساھابىلارنىڭ ھېيت كۈنىدە يۇيۇنغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ "ئەلمەجمۇئ"ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: بۇ توغرىدا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ئەسەردىن باشقا ئەسەرلەرنىڭ ئىسنادى ئاجىز ۋە دەلىل بولالمايدۇ. ھېيت كۈنىدە يۇيۇنۇشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ مەسىلىدە تايىنىشقا بولىدىغىنى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ئەسەر ۋە جۈمە كۈنىدە يۇيۇنۇشقا قىياس قىلىشتۇر.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ توغرىدا بايان قىلىنغان ئىككى ھەدىس بولۇپ ئىككىلىسى ئاجىز ھەدىستۇر، لېكىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلىشقا بەك ھېرىسمەن بولغانلىقى ئۈچۈن ھېيت كۈنى ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ چىقاتتى.

ئىككىنچى: ھېيت كۈنى ئۈچۈن يۇيۇنۇشنىڭ ۋاقتى:

بامدات نامىزىدىن كېيىن يۇيۇنسا ياخشى بولىدۇ، ئەگەر ۋاقىت قىس، ناماز ئوقۇيدىغان جاي يىراق، كىشىلەر بامداتتىن يېنىپلا ھېيت نامىزى ئوقۇيدىغان جايغا بارىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا بامدات نامىزىدىن بۇرۇن يۇيۇنسىمۇ بولىدۇ.

ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھنىڭ"مۇئەتتا"ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنىڭ شەرھىسى بولغان "ئەلمۇنتەقا" نامىلق ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: "ھېيت كۈنى ھېيت نامىزىغا مېڭىشتىن بۇرۇنلا يۇيۇنسا ياخشى بولىدۇ.

ئىبنى ھەبىيب مۇنداق دەيدۇ: ھېيت كۈنى ئۈچۈن يۇيۇنۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى بامدات نامىزىدىن كېيىن بولىدۇ.

ئىمام مالىك "ئەلمۇختەسەر" نامىلق ئەسىرىدە ھېيت كۈنى ئۈچۈن بامدات نامىزىدىن بۇرۇن يۇيۇنسىمۇ كەڭرچىلىك بار دېگەن".

"شەرھى مۇختەسەر"2/102-بەتتە، خەلىل: ھېيت كۈنى ئۈچۈن يۇيۇنۇشنىڭ ۋاقتى تاڭ يۇرۇشتىن بىر، ئىككى سائەت بۇرۇن بولسىمۇ بولىدۇ، دېگەن.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ "ئەلمۇغنىي" نامىلق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "ھېيت كۈنى ئۈچۈن يۇيۇنۇشنىڭ ۋاقتى خەرقىينىڭ سۆزىگە قارىغاندا تاڭ يورىغاندىن كېيىن بولىدۇ. قازى ئەبۇ يەئلا ۋە ئامىدىي مۇنداق دەيدۇ: "تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن يۇيۇنغان كىشى سۈننەت بويىچە ئىش قىلمىغان بولىدۇ، چۈنكى ھېيت كۈنى ئۈچۈن يۇيۇنۇش بولسا جۈمە نامىزى ئۈچۈن يۇيۇنغانغا ئوخشاش بامداتتىن بۇرۇن بولسا توغرا بولمايدۇ. ئىبنى ئەقىيل مۇنداق دەيدۇ: "ھېيت كۈنى ئۈچۈن يۇيۇنۇشنىڭ ۋاقتى ئىمام ئەھمەدتىن بايان قىلىنغان تېكىستتە بامداتتىن بۇرۇن ۋە كېيىنمۇ بولىدۇ، چۈنكى جۈمە نامىزىغا نىسبەتەن ھېيت نامىزىغا بارىدىغان ۋاقىت قىستۇر، ئىختىلاپتىن چىقىش ئۈچۈن ياخشىسى بامداتتىن بۇرۇن بولسا، پاكىزلىق تەرەپتىن ھەم يۇيۇنۇشنىڭ نامازغا يېقىنلىقى تەرەپتىن ياخشى بولىدۇ، دېيىلگەن.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ "ئەلمەجمۇئ"تا مۇنداق بايان قىلغان: ھېيت كۈنى ئۈچۈن يۇيۇنۇشنىڭ ئەڭ توغرا ۋاقتى توغرىسىدا ئۆلىمالارنىڭ مەشھۇر ئىككى تۈرلۈك قارىشى بار، بىرى: "ئەلئۇمدە" نامىلق ئەسەردە: تاڭ يورىغاندىن كېيىن دەپ بايان قىلىنغان، ئىككىنچىسى: يەنى ئەڭ توغرا بولغىنى: مەزھەپ ساھىبلىرىنىڭ بىرلىكى بىلەن تاڭ يورۇشتىن بۇرۇنمۇ ۋە كېيىنمۇ دۇرۇس بولىدۇ دېگەن قارىشىدۇر.

قازى ئەبۇ تەييىب ئۆزىنىڭ "ئەلمۇجەررەد" نامىلق ئەسىرىدە، ئىمام شافىئى رەھىمەھۇللاھدىن بايان قىلغان سۆزىدە: "بۇۋەيتىدا"ھېيت كۈنى ئۈچۈن يۇيۇنۇشنىڭ توغرا ۋاقتى تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن بولىدۇ، دېگەن.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر ھېيت كۈنى ئۈچۈن يۇيۇنۇشنىڭ ئەڭ توغرا ۋاقتىنى تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن دېسەك، ئۇ ۋاقىتتا بۇ مەسىلىدە ئۈچ تۈرلۈك قاراش بولىدۇ:

1-بۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋە توغرا بولغىنى: يېرىم كېچىدىن كېيىن توغرا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن توغرا بولمايدۇ دېگەن قاراشتۇر.

2– كېچىنىڭ ھەممە ۋاقتىدا توغرا بولىدۇ دېگەن قاراش، بولۇپ بۇنى ئىمام غەزالىي كەسكىن بېكىتكەن، ئىبنى سەبباغ ۋە باشقا ئالىملارمۇ ئىختىيار قىلغان يەنى تاللىغان.

3– يۇيۇنۇش تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن سوھۇرلۇق ۋاقتى بىلەن دۇرۇس بولىدۇ دېگەن قاراش بولۇپ، بۇنى ئىمام بەغەۋىي كەسكىن بېكىتكەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قاراشلارغا ئاساسەن: ھېيت نامىزىغا تولۇق تەييارلىق قىلىپ چىقىش ئۈچۈن ھېيت كۈنى بامداتتىن بۇرۇن يۇيۇنسىمۇ بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.